# جۇڭگونىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىك تۈزۈم ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

(بېشى 3 - بەتتە)

ئومۇمىي يىغىن «قارارى» ئۈچ چوڭ بۆلەك، 15 قىسىمغا بۆلۈنگەن. 1 - قىسىم ئومۇمىي بايان بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى ۋە ئومۇمىي تەلىپى بايان قىلىنغان؛ 2 - قىسىمدىن 14 - قىسىمغىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم سىستېمىسىدىكى 13 تەرەپ بايان قىلىنغان؛ 15 - قىسىم ۋە ئاخىرقى سۆزدە، پارتىيەنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بايان قىلىنغان.

ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارارى»نى ۋاراقلىغاندا، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە سىياسىي خىتابى جاراڭلىق جاكارلانغان، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىدىغان نەزەرىيەۋى خىسلىتى، ئەمەلىيەت خىسلىتى قەغەز يۈزىدە جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئىككى چوڭ «مۆجىزە»! جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۈنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەندى ——

«دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش مۆجىزىسى»، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ياراتقان بۇ ئىككى چوڭ «مۆجىزە» تۈنجى قېتىم پارتىيەنىڭ ئومۇمىي يىغىن ھۆججىتىگە كىرگۈزۈلدى.

دەل مۇشۇنداق جۇڭگو مۆجىزىسى خەلقنى ئىشەنچكە تولدۇردى، دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. قىل سىغمايدىغان پاكىت يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى خەلقنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە بولدى.

13 چوڭ روشەن ئەۋزەللىك! جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكلىرى تۈنجى قېتىم مەركەزلىك يىغىنچاقلاندى ——

«سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ياخشىلىقى قەيەردە، ئەۋزەللىكى قەيەردە ئىپادىلىنىدۇ» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا نېمە ئۈچۈن راۋان ماڭغىلى بولىدۇ، ياخشى ماڭغىلى بولىدۇ»... ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇش، دەۋرلەشتۈرۈش مۇساپىسىدە، نەزەرىيەدە تېخىمۇ سەگەك، تېخىمۇ پىشقان زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جاراڭلىق جاۋاب قايتۇردى.

«پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ باشتىن - ئاخىر سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى روشەن ئەۋزەللىك»؛

«خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق دېموكراتىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، خەلققە مەھكەم تايىنىپ دۆلەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى روشەن ئەۋزەللىك»؛

«پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشتىكى روشەن ئەۋزەللىك»؛

......

مەركەزلىك يىغىنچاقلانغان 13 روشەن ئەۋزەللىك دەل بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشىمىزنىڭ تۈپ ئاساسى.

13 تەرەپ! جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تىرەك بولۇۋاتقان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈملەر تۈنجى قېتىم چوڭقۇر بايان قىلىندى ——

پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈم سىستېمىسى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان تۈزۈم سىستېمىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇنچىللىق سىستېمىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەمۇرىيەت تۈزۈلمىسى، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش تۈزۈمى، شەھەر - يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلىنىدىغان خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈمى سىستېمىسى، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسى، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسى...

13 تەرەپنى قاپلىغان تۈزۈملەر يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم سىستېمىسىنىڭ چوڭ ۋە كەڭ ۋەزىيىتىنى ئىخچام تەسۋىرلەپ بەردى.

«ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش»! جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئومۇمىي نىشانى تۈنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى ——

«پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش»؛

«2035 - يىلغا بارغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش»؛

«يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىش».

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ تۈپ مىزانى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى ۋە غايەت زور ئەۋزەللىكىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى.

ئومۇمىي يىغىن «قارارى»دا سىستېمىلىق تەسۋىرلەنگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم سىستېمىسىدا، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى دۆلەتنىڭ تۈپ رەھبەرلىك تۈزۈمى بولۇپ، باشقا ھەرقايسى تەرەپلەرگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە سىڭدۈرۈلگەن تۈزۈم.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمى ئورنىتىش» «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغدايدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» «پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش»... ئالتە تەرەپتىكى تۈزۈم پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈردى.

خەلقنى مەركەز قىلىش ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ قىممەت مەقسىتى.

«خەلق» سۆزى تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىپ «شەھەر - يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلىنىدىغان خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش» مەخسۇس بابتا بايان قىلىندى، ئومۇمىي يىغىن «قارارى»دا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆزگەرمەس ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى، خەلققە بولغان باشتىن - ئاخىر بىردەك مۇھەببىتى تەنتەنىلىك جاكارلاندى.

«تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پايدىلىق ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش» «ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» «خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈزۈم كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش»... ھەممىدە خەلقنى كۆزلەيدىغان سەممىي چوڭقۇر مۇھەببەت كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

«قالدۇرۇش» ۋە «تۇرغۇزۇش» تەڭ ئېلىپ بېرىلدى، «تۈزۈم» ۋە «ئىدارە قىلىش» يۈرۈشتۈرۈلدى.

ئومۇمىي يىغىن «قارارى»دا 200 نەچچە تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەزىپەنامە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

تۈزۈمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىجرا قىلىشتا.

ئومۇمىي يىغىن «قارارى»دا يېڭى دەۋردە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى زىممىسىگە ئالغان مۇقەددەس بۇرچ، تارىخ تاپشۇرغان ئېغىر مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىشتىكى تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى ——

«جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى».

«جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، يىراق - يېقىننى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىش...»

«تۈزۈم ئېڭىنى ھەقىقىي تۈردە يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش»، ئومۇمىي يىغىن «قارارى»دا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولغان ئالدىن پىلانى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلار تەشۋىقات - لېكسىيە، تەشۋىقات لايىھەسىنى ئالدىن تۈزۈپ چىقىپ، مۇھىم، زور تەدبىر تىزىملىكىنى رەتلەپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئىش تەقسىمات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھى ۋە تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ، ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باسقان يولنى ئەسلەپ، كەلگۈسى مۇساپىگە نەزەر سالساق، بوران - چاپقۇن سىناقلىرىغا قانچىكى دۇچ كەلگەنسېرى، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزمۇ شۇنچە ھەسسىلەپ ئاشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، 5000 يىلدىن كۆپرەك شانلىق مەدەنىيلىك تارىخىغا ئىگە جۇڭگو خەلقى توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەم جەزمەن تارىخ تەرىپىدىن توغرىلىقى ئىسپاتلىنىدىغان بىر داغدام يولنى تېپىپ چىقتى.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئەسەرنىڭ تېخىمۇ شانلىق دەۋر يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇغۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىناق راۋاجلىنىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شىنجاڭ پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى، پەرققە ھۆرمەت قىلىش، كۆپ خىللىقنى سىغدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاممىۋى بايرىمى قىلىپ بېكىتىلدى؛ مىللەتلەرنىڭ مول نەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قانۇن بويىچە قوغدالدى، ۋارىسلىق قىلىندى، ئەۋج ئالدۇرۇلدى، «ماناس» «جاڭغىر» قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ خىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى رەتلەپ نەشر قىلىندى؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىش زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشى تەشەببۇس قىلىندى ۋە ئىلھاملاندۇرۇلدى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلدى، ئىشلىتىلدى، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مەمۇرىي، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 428 مىڭغا يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 50.3%نى ئىگىلىدى؛ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قوغدىلىپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

شىنجاڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، تۇرپان شەھىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر) دەپ نام بېرىلدى؛ 50 ئورۇن ۋە 12 بازىغا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە تەربىيە بازىسى، دەپ نام بېرىلدى.

شىنجاڭ يەنە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما بىلەن تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇش، كۆپ قاتلام، كۆپ خىل ئۇسۇل، كۆپ خىل شەكىلدە بېرىش - كېلىش قىلىش، ھەمتۇرتكە بولۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇغقانلاشقان كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ئۈچۈن 940 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى، 49 مىليون 210 مىڭدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى، 18 مىليون 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، ھەر مىللەت ئاممىغا 48 مىليون 980 مىڭ ئائىلە قېتىمدىن ئارتۇق نەپ يەتكۈزدى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» باش تېمىسى بويىچە 18 مىليون 350 مىڭدىن ئارتۇق مەيدان قېتىم تۈرلۈك پائالىيەت ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدا ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنى قىلىدىغان، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىدىغان قويۇق كەيپىيات شەكىللەندى.

# سىياسىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ نېگىزنى چىڭ تۇتۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش»تىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان روھ بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ھەرقايسى ھالقىلاردا سىياسىي جەھەتتىن سەۋىيەنى ئۆستۈرۈش، مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈش، تۈپتىن تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ مەسىلە، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئىدىيەۋى مەسىلە، خىزمەتتىكى مەسىلىلەر تىزىملىكىنى تۈزۈپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىزچىل ياخشى تۇتۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشتىن - ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە بولۇشىغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، سىياسىي تەلەپنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. غايە - ئېتىقاد جەھەتتىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ تەشكىلىي رەھبەرلىك جەھەتتىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۆلچەم خادىسى بولۇش، ئۈلگە بولۇش كېرەك؛ سىياسىي لۇشيەن جەھەتتىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئالىي مەكتەپلەردىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىش كېرەك؛ تۈپ مەيدان جەھەتتىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزلەپ، «تۆت مۇلازىمەت»تە بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش كېرەك؛ سىياسەت، ئەمر - پەرمان جەھەتتىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئىنتىزام، قائىدىنى گەۋدىلەندۈرۈش، چىڭىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلاتى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، پارتىيەنىڭ رولى، پارتىيەنىڭ خىزمىتى، پارتىيەنىڭ پائالىيىتى، پارتىيەنىڭ ئەۋزەللىكى، پارتىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ئىبارەت «يەتتە ئومۇميۈزلۈك قاپلاش»نى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت نېگىزلىك ۋەزىپىنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەپ، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، بايرىقى روشەن ھالدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى تۇتۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ تەربىيەلەش كېرەك.

يىغىندا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىخەنزە داشۆسى، سانجى شۆيۈەنى، شىنجاڭ زامانىۋى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، شىنجاڭ سانائەت - ئىقتىساد مەكتىپىدىكى مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رېن خۇا يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)